### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالاپ

## يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ھەربىي ئالىي مەكتەپلەر مائارىپ نىزامى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر **لىيۇ جىمىي**) مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا بۇيرۇق ئىمزالاپ، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ھەربىي ئالىي مەكتەپلەر مائارىپ نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى ئېلان قىلدى، 2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«نىزام»دا شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار مائارىپ فاڭجېنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى ساپالىق، كەسپلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش چۆرىدىلىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكلىدىكى تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇشنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئۆگىنىشنى قاتتىق باشقۇرۇش، تەتقىقاتنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئىمتىھاننى قاتتىق باشقۇرۇش ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئالىي مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ۋە پۈتۈن جەريانىدىكى خىزمەتلەرنىڭ يۈرۈشۈشى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

«نىزام» جەمئىي 11 باب، 90 ماددا بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەر مائارىپىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئومۇمىيۈزلۈك قايتا ئورنىتىلىپ، ھەر دەرىجىلىكنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئېنىق ئايرىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن دېگەن يۆنىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئالىي مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى، ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ئورۇن بېكىتىش تەلىپى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆلچەم ـ تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىياسىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بارلىق مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىدە دىققەتنى جەڭ قىلالايدىغان بولۇش، جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، روھلۇق، ئىقتىدارلىق، جەسۇرلۇق، ئەخلاقلىق يېڭى دەۋر ئىنقىلابىي ھەربىيلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېڭىچە ئالىي مەكتەپلەر سىستېمىسىنىڭ يۈرۈشۈش ۋە يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتىنى كۆزلەپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى، تۈزۈمى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى، ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش قاتارلىق تىرەك تۈزۈملەرنى كېڭەيتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تۈزۈلمىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ـ يۈرۈشۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىدۇ، تاكامۇللاشتۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستان تەرەپنى قۇربىنىڭ يېتىشچە ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، ئىككى دۆلەتنىڭ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى سىن ئۇلاپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. جۇڭگو تەرەپ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تاجىكىستاننىڭ كۆپ جايلىرىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگو ـ تاجىكىستان تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى ۋە خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسىدىكى تېگىشلىك مەزمۇننى نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق ھالدا قېرىنداشدەك تاجىكىستاننى مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە، تاجىكىستاننىڭ چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇر غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستان تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بۇ مەيدان يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە قوغداش جېڭىدە ئورتاق غەلىبە قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ تاجىكىستان مۇناسىۋىتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىككى تەرەپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە سودا ئالاقىسىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، پىكىر يولىنى ئېچىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش نۇقتىلىق تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. كېيىنكى يۇقۇم دەۋرىنى كۆزلەپ، ئىقتىساد ـ سودا، سېلىنما، ئېنېرگىيە، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى بالدۇرراق پىلانلاپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

راخمان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىڭىزدە، جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قالتىس ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. تاجىكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ تاجىكىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن دوستلۇق، ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش بىلەن تاجىكىستاننىڭ «2030 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى دۆلەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى»نى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد ـ سودا، داۋالاش، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى قاتارلىق رايون تەشكىلاتلىرىدىكى ھەمكارلىقنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. تاجىكىستان تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان ئورۇنلۇق تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ. تاجىكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەچتە ئېكۋادور زۇڭتۇڭى مورېنو بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېكۋادوردا كېڭىيىۋاتىدۇ، يامراۋاتىدۇ. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. جۇڭگودا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئەڭ قىيىن بولغان ۋاقىتتا، ئېكۋادور ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا جۇڭگو تەرەپكە يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرى ياردەم قىلدى. ئېكۋادوردا يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، يەرلىك، كارخانا، ئەلئارا تەشكىلات قاتارلىقلار تېزدىن ياردەم قولىنى سۇنۇپ، جۇڭگو ـ ئېكۋادور ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا قوللاش، ياردەم بېرىشتەك دوستلۇق ئەنئەنىسىنى ئىزاھلىدى. جۇڭگو تەرەپ ئېكۋادور تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنى داۋاملىق قەتئىي قوللاپ، قۇربىنىڭ يېتىشچە زۆرۈر ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ، ۋاكسىنا ۋە دورا تەتقىق قىلىپ ئىچىش، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە، ئېكۋادورنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن چوقۇم بالدۇر غەلىبە قىلىپ، ياخشى تەرەققىيات يولىغا قايتا كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئېكۋادور تەرەپنىڭ داۋاملىق تۈردە ئېكۋادوردىكى جۇڭگو مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن يەر شارىدا يۇقۇم ھېلىھەم ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشقاندىلا، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى جەڭدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىللە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىرلىكتە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ماكرولۇق سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشنى قەتئىي قوللايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2018 ـ يىلى سىز جۇڭگودا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدىڭىز، بىز نۇرغۇن مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدۇق. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ ئېكۋادور مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئېكۋادور تەرەپ بىلەن پائال پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى قايتا باشلاپ ھەم ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمدىن كېيىن جۇڭگو ـ ئېكۋادورنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

مورېنو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى ئېكۋادورنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىنى قىممەتلىك ياردەم ۋە مەدەت بىلەن تەمىنلەپ، ئېكۋادور تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. جۇڭگو ئېكۋادورنىڭ مۇھىم ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھى، ئېكۋادور ـ جۇڭگو ھەمكارلىقى دوستانە بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئېكۋادور تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئېكۋادور تەرەپنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قايتا جانلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، ئېكۋادور ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۈنۈۋېرسال ياندىش ئىسلاھاتىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدىن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇش، ئىسلاھاتقا قاتنىشىش، ئىسلاھاتنى قوللاشنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، نىشانغا، ئۇلغا، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە سىجىل دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەپ، تۈزۈم، مېخانىزمنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «قاراپ چىققۇچىلار ھۆكۈم چىقىرىپ، ھۆكۈم چىقارغۇچىلار مەسئۇل بولۇپ»، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۈنۈۋېرسال ياندىش ئىسلاھاتى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، يېڭىچە دېلو بېجىرىش مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم تۈزۈم نەتىجىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى. ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات «دىرىژورلۇق تايىقى»نىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئىسلاھات ئەھۋالىنى ئىلمىي باھالاپ، خىزمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى ئەستايىدىل رەتلەپ، نىشانلىق ئوق ئېتىش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. روشەن يۆنىلىش تۇرغۇزۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ يارقىن نۇقتىسى ئارقىلىق بىر پۈتۈن خىزمەتكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئىسلاھاتتا ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمنى ياخشى ئىگىلەپ، نىشانلىق كۈچەپ، نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش سىستېمىسىنى ھەقىقىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قانۇنچىللىق ئاساسىنى پۇختىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار ۋەزىپە ئىش تەقسىماتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت زەنجىرىنى چىڭىتىپ، يېتەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى يەتكۈزۈشنى ياخشى تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ماھىرلىق بىلەن پىلانلاپ، تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەت، يۈكسەك مەسئۇل بولىدىغان پوزىتسىيە، ماسلىشىپ جەڭ قىلىدىغان بىرىكمە كۈچ ئارقىلىق ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قەتئىي كۈچلۈك، قىلچە بوشاشلىق قىلماي ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن ـ تۈزۈم كاپالىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، قانۇن ئىجرا قىلىش كاپالىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، قانۇن مۇلازىمىتى كاپالىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھاتتا يېڭى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى سىجىل ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتى قانۇن يۈرگۈزۈشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت تەپسىلىي قائىدىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى ھەم باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى، مۇزاكىرە قىلىندى.

---

## شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ ھەم ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلىدۇ.

ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنى جۇڭگو تەرەپ ۋە ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى جەنۇبىي ئافرىقا، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى ئورتاق رەئىس دۆلىتى سېنېگال ئورتاق تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئافرىقا ئىتتىپاقى باشلىقلار يىغىنى ھەيئەت رىياسىتىگە ئەزا دۆلەتلەر، ئافرىقىدىكى مۇھىم ئىككىلەمچى رايونلار تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى قاتارلىق ئافرىقا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ھەمدە ئافرىقا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى تەكلىپكە بىنائەن قاتنىشىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە يىغىنغا قاتنىشىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، شىنجاڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن خەلقنىڭ ئىچىدىغان سۇ شارائىتىنى ياخشىلىدى. 1984 ـ يىلى، شىنجاڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇ ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى، قېزىلغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئائىلىلەرگە ئېقىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، كۆل تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى. لېكىن نامرات ئاھالە توپلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدا، نۇرغۇن جايلاردا يەر ئاستى سۈيىنىڭ فتور، ئارسېن مىقدارى ئۆلچەمدىن يۇقىرى بولۇپ، تەمى قىرتاق بولۇپلا قالماي، ئۇزاق مۇددەت ئىچكەندە سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزەتتى.

«2016 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىشنى سۇچىلىق خىزمىتىدىكى باش قۇرۇلۇش قىلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈن مۇنداق دېدى: «ھازىرغىچە يېزىلاردا جەمئىي 400دىن ئارتۇق تۈرلۈك ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، 12 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئىلگىرى قىلىشنى ئويلىغان لېكىن قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن نۇرغۇن ئىشنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەزگىلدە تاماملاندى».

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 1 مىليارد 749 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، دۆلىتىمىز ئىچىدە ھازىرغىچە يەككە مەبلەغ سېلىش سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغان ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا، گەز دەرياسىنىڭ سۈيى 8 مىليون 90 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدىغان قوم تىندۇرۇش كۆلچىكىدە تىندۇرۇلغاندىن كېيىن، باش سۇ زاۋۇتىغا كىرىپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، يەنە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1827 كىلومېتىر بولغان غول ـ تارماق تۇرۇبا لىنىيەسى ئارقىلىق پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرگە ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىدۇ.

جاڭ يۈن مۇنداق دېدى: «دۆلەت ئىقتىسادىي ھېساباتىنى ئويلىشىپ ئولتۇرماي، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش».

«سۈيىمىز تاتلىق بولدى، تۇرمۇشىمىزمۇ تاتلىق بولدى!» 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ جامباز يېزىسى يېپەكچى كەنتىدىكى نامرات ئاھالە مۇسا ھاشىم تۇرۇبا سۈيى جۈمەكنى ئېچىپ، تۈرلۈك يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنى يۇغاچ: «ناھىيە ماڭا بۇ كۆچمە تاماق ھارۋىسىنى ھەقسىز سەپلەپ بەردى، مەن كەچلىك بازاردا كېچلىك تاماق ساتىمەن، بىر كۈندە بىر ـ ئىككى يۈز يۈەن تاپالايمەن، بۇ يىل چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن» دېدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز «ئەڭ قاتتىق»بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بوز يەر ئېچىش، تېرىلغۇ يەرنى قايتۇرۇش، سۈنى ئازايتىش، قۇدۇق بىلەن توكنى تەڭ تىزگىنلەشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مىقدارىنى 1 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر ئازايتتى؛ چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، قۇملاشقان يەرلەردە دائىرىلىك مۇھاپىزەت رايونىدىن 43نى قۇرۇپ، كۆلىمى 8 مىليون 90 مىڭ موغا يەتكۈزدى، دۆلەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئورمىنىدىن 18 مىليون 750 مىڭ مونى يېڭىدىن كۆپەيتتى؛ 7 مىليون 346 مىڭ 800 مو يەردە سۈنئىي ئورمان ئەھيا قىلىش، 4 مىليون 445 مىڭ 500 مو يەردە تاغنى دائىرىلەپ ئورمان ئۆستۈرۈش، 4 مىليون 70 مىڭ مو يەرنى تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇشنى تاماملىدى، 11 مىليون مو ئوتلاقنى قاشالاش، 4 مىليون 190 مىڭ مو چېكىنگەن ئوتلاقنى تولۇقلاپ تېرىپ ياخشىلاش، 927 مىڭ مو يەرنى تېرىلغۇدىن ئوتلاققا قايتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

2016 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق 277 مىڭ مو يەردە قۇمنى تىزگىنلەپ ئورمان بىنا قىلىشنى، 543 مىڭ 400 مو يەردە قۇملۇقنى دائىرىلەپ ئورمان ئۆستۈرۈشنى تاماملىدى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى توغراقلىقنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى قوزغىتىپ، تارىم دەرياسىدىكى «تۆت مەنبە، بىر غول» توغراقلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، ئۈچ يىللىق يىرىك پىلان تۈزۈپ، ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، جەمئىي 8 مىليون مودىن ئارتۇق توغراقلىقنى كەلكۈن باشلاپ سۇغىرىشنى تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆلەملەشكەن ئورمان بىنا قىلىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كۆكيار، تارباغاتاي سارىغۇسۇن، كورلا لۇڭشەن، ئاقسۇدىن ئىبارەت تۆت جايدىكى مىليون مولۇق ئېكولوگىيەنى تۈزەش قاتارلىق بىر تۈركۈم بەلگە خاراكتېرلىك ئېكولوگىيە قۇرۇلۇش تۈرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغاتتى، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەنى ياخشىلاشتىكى تېپىك ۋەكىلىگە ئايلاندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 17 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرىسىدىكى پىكىر قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ قېتىملىق يىغىنىدا كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تەكلىپى ۋە دەي ۋۇجۈننىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارى(لايىھەسى) قاراپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۈن، لى شۈجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۋاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر يىغىنغا قاتناشتى.